# ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جۇنۇپ ھالىتىمىزدە بىر قاچىدا يۇيىناتتىم، مەن ئادەت كۆرگەن ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئىشتان كىيىۋېلىشقا بۇيرۇپ قۇچاقلايتتى،

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جۇنۇپ ھالىتىمىزدە بىر قاچىدا يۇيىناتتىم، مەن ئادەت كۆرگەن ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئىشتان كىيىۋېلىشقا بۇيرۇپ قۇچاقلايتتى، ئۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا مەسچىتتىن بېشىنى چىقىراتتى، مەن ھەيزدار ھالىتىمدە ئۆيدە تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇپ قوياتتىم» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان بەزى خاس ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ، ئۇنىڭ جۈملىسىدىن: ئائىشە ئانىمىز جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىككەيلەن بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ يۇيىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇخلىماقچى بولغاندا، ئەگەر ئۇ ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسا، كالتا ئىشتان كېيىۋېلىشقا بۇيرىتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇچاقلىشىپ جىمادىن باشقا ئىشلارنى قىلاتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلغاندا، بېشىنى ھۇجرىسى تەرەپكە چىقىراتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەيزدار ھالەتتە ئۆيدە تۇرۇپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى يۇيۇپ قوياتتى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3476